مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى
تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلدى

نىيۇ خۇەيدۇڭ:

ئىتتىپاقلىق مېۋىسى چىلاندىنمۇ تاتلىق

□ **مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى**

كەچ كۈز كىردى، توقسۇ ناھىيەسىنىڭ ئېچىبىرىق بازىرىدىكى نەچچە مىڭ مو چىلان پىششىقا باشلىدى، چىلانچى دېھقانلارغا تېخنىكا ئۆگىتىدىغان نىيۇ خۇەيدۇڭ چىلانچى دېھقانلار بىلەن مول ھوسۇل شادلىقىدىن بەھرىمەن بولماي، ئەكسىچە شەرققە ماڭغان پويىزغا ئولتۇرۇپ، يول بويى چىلان تونۇشتۇردى.

«كۆپ يىللىق تىرىشىش ئارقىلىق، چىلىنىمىزنىڭ سۈپىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى. مەن بۇ قېتىم جېجياڭ، خاڭجوۋ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بازار ئىزدىدىم، توقسۇنىڭ چىلىنى ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشتى» دېدى نىيۇ خۇەيدۇڭ 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېفوندا مۇخبىرغا.

2002 ـ يىلى، نىيۇ خۇەيدۇڭ يۇرتى سەنشىدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا كېلىپ چىلان ئۆستۈردى. ئىزدىنىشكە ئامراق، تېخنىكىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن، ئۇ كەڭ باغۋەنلەر تەرىپىدىن مېۋە كۆچىتى يېتىشتۈرۈشتىكى «قامۇس» دەپ ئاتالدى؛ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىپ، ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» بولۇپ باھالاندى.

نىيۇ خۇەيدۇڭنىڭ يەنە نۇرغۇن سالاھىيىتى بار: توقسۇ ناھىيەسىنىڭ چىلانچىلىق تېخنىكىسى مەسلىھەتچىسى، توقسۇ ناھىيەسى شياۋنيۇ مېۋە مەھسۇلاتلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ مەسئۇلى، توقسۇ ناھىيەسى ئېچىبىرىق بازىرى يانداق كەنتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا مۇئاۋىن شۇجىسى قاتارلىقلار. ھەر قېتىم باشقىلار ئۇنى «دائىم زىيان تارتىدىغان ئىش قىلىدۇ» دېگەندە، ئۇ ھەمىشە كۈلۈپ تۇرۇپ: «كىم مېنى زىممىسگە بۇنچە كۆپ مەسئۇلىيەتنى ئارتىۋالسۇن دەپتۇ!» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

يانداق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئايدىن نۇردۇن تاتلىق چىلاننى تېتىغاچ، تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «نيۇ شۇجى يۇرتداشلارغا بەك كۆپ ياردەم بەردى، يۇرتداشلارنى يېتەكلەپ مېۋە دەرەخلىرىنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ، بىزگە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مېۋىسىنىڭ چىلاندىنمۇ تاتلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى».

ئون نەچچە يىل ئىلگىرى، نىيۇ خۇەيدۇڭ خوتۇن ـ باللىرىنى ئېلىپ توقسۇ ناھىيەسىگە كەلگەندە، بۇ يەردە پەقەت يەرلىك ئەنئەنىۋى چىلان سورتىلا بار بولۇپ، دانىسى كىچىك، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلەم شەكىللەنمىگەنىدى. نىيۇ خۇەيدۇڭ شۇ جاينىڭ تۇپراق سۈپىتى ۋە كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىدا ئەلا سۈپەتلىك جۈنزاۋ چىلىنى ۋە خۇيزاۋ چىلىنىنى كىرگۈزدى ھەم پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىللىكىنى ئۈستىگە ئېلىپ پۈتۈن ناھىيەدە كېڭەيتتى.

نىيۇ خۇەيدۇڭ ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، باغۋەنلەرگە قولمۇقول تېخنىكا ئۆگەتتى. ئۇ تېخنىك خادىم ھەم تەشۋىقاتچى، پىدائىي بولۇپ، قايسى باغۋەننىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەن مەسىلە بولسا، ئۇ ئولتۇرۇپ باغۋەن بىلەن سەممىي سىرداشتى؛ قايسى باغۋەننىڭ ھەل قىلالمىغان قىيىنچىلىقى بولسا، ئۇ ياردەم قولىنى سۇندى.

2009 ـ يىلى، نىيۇ خۇەيدۇڭ يانداق كەنتىدە باشلامچى بولۇپ توقسۇ ناھىيەسى شياۋنيۇ مېۋە مەھسۇلاتلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنى قۇردى. ئۇ دائىم ھەمكارلىق كوپىراتىپى ئەزالىرىنى دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيەۋى ئوغۇت قاتارلىق ماددىي ئەشيالار بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى، پەرۋىش قىلىشقا ھەقسىز ياردەم بەردى، شۇنداق قىلىپ ھەم نامرات دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى، ھەم ھەمكارلىق كوپىراتىپى چىلىنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

توقسۇ ناھىيەسىدىكى باغۋەنلەر چىلىنىنى شياۋنيۇ مېۋە مەھسۇلاتلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ بىرتۇتاش پىششىقلاشقا سېتىپ بېرىشنى خالايدۇ، چۈنكى ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسى بازارنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسىدىن يۇقىرى ئىدى. بۇ بىرنەچچە يىلدا، بازارنىڭ چىلان بىلەن تەمىنلەش مىقدارى زورىيىپ، باھاسىدا سەل تۆۋەنلەش كۆرۈلۈپ، بىر قىسىم باغۋەنلەرنىڭ ھوسۇلى ۋە كىرىمى ئازايدى. نىيۇ خۇەيدۇڭ ئىنتايىن ئەنسىرىدى، 2018 ـ يىلى، شياۋنيۇ مېۋە مەھسۇلاتلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى ئوبوروت قىلىش، ھۆددىگە ئېلىش ۋە «كارخانا + دېھقان ئائىلىسى»دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەندىزە ئارقىلىق 1500 مو كۆلەمدىكى ئەلا سۈپەتلىك چىلان، ياڭاق بازىسى قۇرۇپ، 292 ئائىلىدىكى 1368 كىشىگە نەپ يەتكۈزدى.

ھەمكارلىق كوپىراتىپى مەركەزلىك ھاۋالىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسى ئارقىلىق، باغۋەنلەرنى يەر ئوبوروت ھەققى ۋە ئىشلەمچىلىك ھەققىدىن ئىبارەت ئىككى خىل كىرىمگە ئېرىشتۈردى، يانداق كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى چىن كۆڭلىدىن نىيۇ خۇەيدۇڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. 2018 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، يانداق كەنتى پەن ـ تېخنىكا مۇئاۋىن شۇجىسى سايلىغاندا، نىيۇ خۇەيدۇڭ تولۇق ئاۋاز بىلەن سايلاندى.

بۇ يىل، شياۋنيۇ مېۋە مەھسۇلاتلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى نامراتلارنى يۆلەش تۈرلىرىگە تايىنىپ، ئېچىبىرىق بازىرىنىڭ 20 كەنتىدىكى 737 ئائىلىلىك نامرات ئاھالىنىڭ 4189 مو مېۋىلىك بېغىنى ھەر مو يەرنى 475 يۈەنلىك ئۆلچەم بويىچە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ـ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى، بىرتۇتاش ھالدا نامرات ئائىلىلەرنىڭ بېغىدا مېۋە دەرەخلىرىنى چاتاش، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، چېچەك ئاسراش، مېۋىسىنى ئاسراش قاتارلىق تېخنىكا مۇلازىمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى.

پاشاگۈل كېرەم:

500دىن كۆپرەك يۇرتدىشىنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە باشلىدى

□ **مۇخبىرىمىز خې لىك، ئەختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز جوۋ گومىن، خو تىڭ**

«گۈلى، خەيرلىك سەھەر!»
«گۈلى، بۈگۈن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز!»...

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سائەت 6دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، پاشاگۈل كېرەم گۇاڭدۇڭ دۇڭگۇەن لۇجوۋ ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتى ئاياغ يۈزلۈكى تىكىش سېخىغا كېلىپ دەل ۋاقتىدا ئىشقا چۈشتى، زاۋۇتتىكى ئاچا ـ سىڭىللار بەس ـ بەستە ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشتى.

پاشاگۈل ئۇلۇغچات ناھىيەسى بۆرتوقاي يېزىسى ئاقچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى بولۇپ، گۇاڭدۇڭدا 14 يىل ئىشلەمچىلىك قىلغان ئۇ شۇ جايغا تامامەن سىڭىشىپ كەتكەنىدى.

يېقىندا، پاشاگۈل «مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى شەخس» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بۇ شەرەپكە ئېرىشكەنلىكىمدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن. ھازىر، مېنىڭ گۇاڭدۇڭدىكى تۇرمۇشۇم ناھايىتى ياخشى، دوستلىرىممۇ ناھايىتى كۆپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلگەن».

ئاقچى كەنتى ئېغىر نامرات كەنت، پاشاگۈلنىڭ ئائىلىسى كەنتتىكى نامرات ئائىلە. ئۇنىڭ دېيىشىچە، كىچىك چېغىدىلا دادىسى ۋاپات بولۇپ، ئانىسى پەرزەنتلەرنى بېقىش يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۈنى ناھايىتى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ كىچىكىدىنلا تاغدىن چىقىپ، تىرىشىش ئارقىلىق ئائىلىسىدىكىلەرنى ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈشكە ئىرادە باغلىغان.

2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئۇلۇغچات ناھىيەسى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ ئىشلەشكە تەشكىللىدى، يەرلىك كادىرلارنىڭ تەشۋىق قىلىشى ۋە ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن پاشاگۈل تىزىملاتتى.

پاشاگۈلنىڭ بىرىنچى خىزمىتى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى بىر ئېلېكترون دېتالى زاۋۇتىدا ئىشلەمچىلىك قىلىش بولۇپ، دەسلەپتە تىل بىلمەسلىك، تېخنىكىدا ئۆتكەلدىن ئۆتەلمەسلىك سەۋەبىدىن كىرىمى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بېشى قېتىپ تۇرغان چاغدا، گۇاڭشىدىن كەلگەن لى لىڭ ھەدە ئۇنىڭ ئۈچۈن «كۆيۈمچان ئۇستاز» بولدى.

«لى ھەدەم ناھايىتى قىزغىن بولۇپ، ھەر كۈنى دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ماڭا دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگەتتى. ئەينى چاغدا مەن ئۆگىنىشتە بەك قىينالدىم، ئەمما ھەدەم ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن بىر جۈملە، بىر جۈملىدىن ئۆگەتتى». پاشاگۈل مۇنداق دېدى: گۇاڭدۇڭغا دەسلەپ كەلگەن ۋاقتىمدا، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا كۆنەلمىدىم، تېرەمدە زىيادە سېزىمچانلىق كۆرۈلدى، لى ھەدەم مەخسۇس دورا سېتىۋېلىپ ياتىقىمغا ئەكېلىپ بەردى.

تۇرمۇشتىكى كىچىك، ئۇششاق ئىشلار پاشاگۈل بىلەن لى ھەدە ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. «ھازىر ئۇ مېنى ‹گۈلى› دەپ چاقىرىدۇ، مەن ئۇنى ‹ھەدە› دەپ چاقىرىمەن، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتتۇق» دېدى پاشاگۈل.

دۆلەت ئورتاق تىلىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، پاشاگۈلنىڭ شۇ جايدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشى بارغانسېرى راۋانلىشىپ، ناھايىتى كۆپ ئاچا ـ سىڭىللىرى، ياخشى دوستلىرى بار بولدى. «ئۇلارنىڭ ياردىمىدە مېنىڭ تېخنىكاممۇ ئۆستى، مائاشىممۇ ھەر ئايدىكى ئاز كەم 2000 يۈەندىن، 3000 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى» دېدى پاشاگۈل خۇشال ھالدا.

ئەمگەكچان بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ، پاشاگۈل ئۇستازلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپلا قالماي، يەنە سېختىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ناھايىتى تېزلا ئۆسۈپ يېتىلىپ سېختىكى 10 ـ گۇرۇپپىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

ھازىر، پاشاگۈل گۇاڭدۇڭنى بارغانسېرى ياقتۇرۇپ قالدى، دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ يەنە كەنتكە قايتىپ، كەنتتىكى ئاچا ـ سىڭىللارنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە تاغدىن چۈشۈپ ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلدى.

«2006 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەن ئىنىم، ئىنىم، ئاكام ۋە يەڭگەمنى چىقىپ ئىشلەشكە قايىل قىلدىم. مەنمۇ ھەر يىلى يۇرتقا قايتىپ تۇغقان يوقلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە سىرتقا چىقىپ ئىشلەشنىڭ پايدىسىنى تەشۋىق قىلدىم» دېدى پاشاگۈل.

2015 ـ يىلىدىن بۇيان، پاشاگۈل ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەرلىكتىكى 521 يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى گۇاڭدۇڭ دۇڭگۇەنگە بېرىپ ئىشلەشكە باشلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە، نامرات ئائىلىدىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچى 210 كىشى بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 179 نامرات ئائىلىنىڭ كىرىمىنى سىجىل كۆپەيتىشكە ياردەم بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«بۇ يىللاردىكى ئىشلەمچىلىك سەرگۈزەشتەم نەزەر دائىرەمنى كېڭەيتىپ، كىرىمىمنى كۆپەيتتى، ماھارەت ئۆگەندىم ھەم نۇرغۇن ياخشى خەنزۇ ئاچا ـ سىڭىللار، ياخشى دوستلار بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلار ئىنچىكە قىزغىنلىق بىلەن ماڭا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، ماڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن، مەن يۇرتۇمدىكى تېخىمۇ كۆپ ئاچا ـ سىڭىللارنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە، تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەيمەن» دېدى پاشاگۈل.

مارىقىز گۈزەللىكنى «باش»تىن باشلىدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىنىڭ كۆلىمى 200 نەچچە كۋادرات مېتىر، ئاستى ـ ئۈستى ئىككى قەۋەت بولۇپ، پۈتۈن يۈرۈشلۈك چاچ گۈزەللەشتۈرۈش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، يەنە توي كۆڭلىكى ئىجارىگە بېرىش، كېلىنچەك گىرىمى قاتارلىق كەسپلىرىمۇ بار، ھەر كۈنى خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ.

دۇكاننىڭ مەركىزىي رايوندا، 60 كۋادرات مېترلىق بوشلۇققا سەككىز چاچ ياساش ئورنى تەييارلانغان بولۇپ، خېرىدارلار بىلەن لىق تولغانىدى. مارىقىز مۇنداق دېدى: خېرىدارلاردىن چاچ ياساتقان، چاچ ئاسرىتىدىغانلار كۆپرەك، ھەر خىل ئوزۇقلۇق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلار ئالاھىدە ئالقىشقا ئېرىشتى. مۇخبىرلار دۇكانغا رەتلىك تىزىپ قويۇلغان يۈرۈشلۈك مەھسۇلات قۇتىلىرىنىڭ ئۈستىگە ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئالاقىلىشىش نومۇرى يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلدى. «بۇلارنىڭ ھەممىسى خېرىدارلار سېتىۋالغان مەھسۇلاتلار، ھەر قېتىم چاچ ياساتقىلى كەلگەندە ئىشلىتىدۇ، ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بەلگە چاپلاپ قويىدۇق.» مارىقىز تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: بىر قۇتا يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتنىڭ سېتىلىش باھاسى 800 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، 15 قېتىم چاچ پەرۋىشى قىلغىلى بولىدۇ. مۇخبىرلار ساناپ، بۇنداق يۈرۈشلۈك مەھسۇلات قۇتىسىدىن دۇكاندا 80 ـ 70ى بارلىقىنى كۆردى.

«بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بىز بىر كېلىنچەككە يۈرۈشلۈك مۇلازىمەت قىلدۇق، بۇ گىرىم قىلىش، چاچ بېزىكى ياساش ۋە توي كۆڭلىكى ئىجارىگە بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قاراڭ، بۇ ئاشۇ كۈنى تارتىلغان سىن» دېدى مارىقىز يان تېلېفوننى ئېلىپ، مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ «نەتىجىسى»نى نامايان قىلىپ. ھەر قېتىم خېرىدارلار دۇكانغا بېرىپ كېلىنچەك گىرىمى قىلغاندا، ئۇ ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تېلېفون ئارقىلىق گۈزەل دەقىقىلەرنى خاتىرىلەپ، ئاندىن مۇزىكا ۋە ئالاھىدە ئۈنۈم ئىشلەپ دوۋيىنغا چىقىرىدۇ. «بەزى خېرىدارلار بىزنىڭ سىنىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن ئالايىتەن ئىزدەپ كەلدى» دېدى مارىقىز.

«سىز دۇكاندا قانچە يۈرۈش توي كۆڭلىكى بار دەپ سوراۋاتامسىز؟ كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ» مارىقىز كۈلۈمسىرىگىنىچە بىر ئىشىكنى ئاچتى، 40 نەچچە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان توي كۆڭلىكى كىيىپ سىناش ئۆيى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. ئۆينىڭ ئۈچ تەرىپىگە ھەر خىل توي كۆڭلىكى ۋە مۇراسىم كىيىملىرى قويۇلغان بولۇپ، ئۇدۇل تامدىكى پۈتۈن ئەينەكتىن ھەربىر كېلىنچەك ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل ھالىتىنى كۆرەلەيتتى. «ئۆيدىكى توي كۆڭلىكى ۋە مۇراسىم كىيىمى 40 يۈرۈشكە يېقىن، ھەممىسىنى مەن گۇاڭجۇدىن سېتىۋالغان.» مارىقىزنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، ھەر قېتىم توردىن چىرايلىق توي كۆڭلىكىنى كۆرگەندە، ئۇ ساتقۇچى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ھەر ئايدا دېگۈدەك يېڭى توي كۆڭلىكى ۋە مۇراسىم كىيىمىنى كىرگۈزۈپ تۇرىدىكەن.

«ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بولمىسا، بۈگۈنكى بارلىقىم بولمايتتى.» دۇكاندىكى سافادا ئولتۇرۇپ، مارىقىز مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردى.

■ ئۇ بۇرۇقتۇرما ئادەم ھەرگىزمۇ «مەن» ئەمەس

مارىقىز كىچىكىدىنلا گۈزەللىكنى سۆيىدىغان قىز ئىدى، تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ يەكەن ناھىيە بازىرىغا كېلىپ، بىر كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىدا مال ساتقۇچى بولدى.

بىر قېتىم، مارىقىز باشقىلارنىڭ يان تېلېفونىدا بىر بۆلەك سىننى كۆردى، ئۇنىڭدا كىشىلەر يۈزىنى ئورىۋېلىپ ئەسەبىي شوئار توۋلاۋاتقانىدى. گەرچە سىن قىسقا بولسىمۇ، ئەمما يېشى تېخى كىچىك بولغان مارىقىز بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى، كېيىن ئۇ ناتونۇش تور بېكەتلىرىگە چىقىپ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى ئىزدىدى ۋە ئالاقىدار مەزمۇنلارنى كۆرۈشكە باشلىدى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، مارىقىز سىندىكى سۆزلەردىن قايمۇقۇپ قالدى، ئىدىيەسىدىمۇ تەدرىجىي ئۆزگىرىش بولدى.

خىزمەت ۋاقتىدا ئايال خېرىدارلارنىڭ رەڭدار كىيىملەرنى كىيىپ سىناپ باققىنىنى كۆرسە چىداپ تۇرالمايدىغان بولدى، كېيىن بىراقلا ئىستېپا بەردى. كەنتكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مارىقىز ئۆزى نىقابلىق كىيىم كىيىپلا قالماي، يەنە ئانىسى، ئاچىسىنىمۇ كىيىشكە بۇيرۇدى، بەزىدە يەنە بىر قىسىم دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بار ماقالىلەرنى تارقاتتى. مارىقىزنىڭ قىلمىشى ئۆيدىكىلەرنى بەك ئۈمىدسىزلەندۈردى، ئۇلار كەنت ئاھالە كومىتېتىدىن ياردەم سورىدى. كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ خىزمەتچىلىرى مارىقىزنى تېپىپ سەۋرچانلىق بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭغا قانۇننى چۈشەندۈردى، تارىخنى چۈشەندۈردى.

«بىر كۈنى، مەن ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ ئۆزۈمگە قاراپ، ئەينەك ئىچىدىكى بۇرۇقتۇرما، چۈشكۈن ئادەمنىڭ زادى ‹ئۆزۈم› ئەمەسلىكىنى بايقىدىم. مەن گۈزەللىكنى سۆيىدىغان قىز تۇرسام.» بۇنىڭ بىلەن، مارىقىز ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا يەكەن ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە ئۆگىنىشكە باردى.

«ئوقۇتقۇچىلىرىم ماڭا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، دائىم مۇڭدىشىپ تۇردى.» مارىقىزنىڭ ئېيتىشىچە، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغانلىقىنى، ئاشۇ ئاتالمىش «قائىدە ـ يوسۇن»نىڭ ھەممىسىنىڭ كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغان باھانە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. مارىقىز دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزۈش ئىرادىسىگە كەلگەن.

مارىقىز تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى ئاچقان ھەر تۈرلۈك قىزىقىش سىنىپىغا تىزىملىتىپ قاتنىشىپ، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى، ئادەتتىكى چاغلاردا ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈشكە ئائىت ژۇرناللارنى قولىدىن چۈشۈرمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ ئەتراپىدىكى ئاچا ـ سىڭىللارنى گۈزەللەشتۈرۈشكە قەتئىي ئىرادە باغلىدى.

تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئۆگىنىش مارىقىزنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئىگىلىك تىكلىشىگە ئاساس سالدى. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئۇنى ئۆگەنگەن ماھارىتىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىك تىكلەشكە ئىلھاملاندۇردى. مەھەللە مارىقىزغا ياردەملىشىپ ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ «گۈزەللەشتۈرۈش ئۆيى» تۈرىنى ئىلتىماس قىلىپ بەردى، بۇ تۈر 10 مىڭ يۈەنلىك ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش ئۈسكۈنىسى ياردەم قىلدى، مارىقىزنىڭ ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ناھايىتى تېزلا ئېچىلىپ خېرىدار كۈتۈۋالدى.

■ ھەركۈنى پۈتمەس ـ تۈگمەس كۈچكە تولۇش

«دەسلەپتە سىڭلىم چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنى ئاچىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، كىچىك ساتىراشخانا ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم، بۇنداق چوڭلۇقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن!» مارىقىزنىڭ ئاچىسى بۇھەجەر سىڭلىسىنىڭ دۇكىنىنى تىلغا ئالغاندا ھاياجىنىنى يوشۇرالمىدى. ئاچىسىنىڭ بەش يىللىق چاچ گۈزەللەشتۈرۈش تەجرىبىسى بارلىقىنى ئويلاپ، مارىقىز ئۇنىڭ ئۆزىگە ياردەملىشىپ بىللە دۇكان ئېچىشىنى ئۈمىد قىلغاندا، بۇھەجەر خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى. «سىڭلىم ھەر ئايدا ماڭا 3000 يۈەن مائاش بېرىدۇ، بۇ ئىلگىرىكى كىرىمىمدىن يۇقىرى» دېدى بۇھەجەر.

دۇكان بۇنداق چوڭ تۇرسا، ئىككى ئادەم قانداقمۇ يېتىشەلىسۇن، مەھەللە ياردەملىشىپ كەسپىي ساتىراشلىق مەكتىپىنى پۈتكۈزگەن تۆت ئوقۇغۇچىنى بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەشكە تونۇشتۇردى، بۇنىڭغا تەكلىپ قىلغان خادىملار ۋە شاگىرتلارنى قوشقاندا، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىدا ھازىر جەمئىي سەككىز خىزمەتچى بار.

ھەر قېتىم خېرىدار كۈتۈۋالغاندا، مارىقىز ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىدى، ئۇنىڭ ئېيتىشىچە مۇشۇنداق قىلغاندا خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئىگىلەپ، دۇكاننىڭ مۇلازىمىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدىكەن. بەزىدە بىرخىل چاچ پاسونى مودا بولسا، مارىقىز توردىن ئوقۇتۇش سىن فىلىمى ئىزدەپ، ئاز ـ ئازدىن ئىزدەندى. «بىلمەيدىغىنىمغا يولۇققاندا، كەسپداشلاردىن سورايمەن، ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن يېتەكلىدى.» مارىقىز مۇنداق دېدى: ئۆزۈمنىڭ ئىزدىنىشىگىلا تايانسام ئىلگىرىلەش تېز بولمايدىكەن، شۇڭا ئەتراپتا ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش كۇرسى ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىسىلا تىزىملىتىپ قاتناشتىم. «ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، ۋۇخەندىن كەلگەن چاچ گۈزەللەشتۈرۈش ئۇستىسى مودا بولۇۋاتقان كېلىنچەك چاچ پاسونىنى ئۆگەتتى، مەن ئۈچ كۈنلۈك تەربىيەلىنىشكە تولۇق قاتناشتىم.» مارىقىز يان تېلېفونى ئارقىلىق دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش جەريانىنى تولۇق سىنغا ئېلىۋېلىپ، بىكار ۋاقتى بولسىلا ئېچىپ تەتقىق قىلدى.

ئائىلىسىدىن خەۋەر ئالغاندىن سىرت، مارىقىز ھەممە ۋاقتىنى دېگۈدەك خىزمەت ۋە ئۆگىنىشكە سەرپ قىلدى. «ئۈندىدارىمدىكى ياخشى دوستلىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەسپداشلىرىم، بىز ئۆزئارا تەسىرات ئالماشتۇرۇپ، خېرىدار تونۇشتۇرىمىز.» مارىقىز پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق مەھسۇلات بىلەن تەمىنلىگۈچى بىرتۈركۈم ئىشەنچلىك سودىگەرنى تاللاپ چىقتى.

قىزىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىلىكى بار بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئانىسى بۇخەلچە مۇسا ئىنتايىن خۇشال بولدى. «قىزىمدا بەك چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، ئىلگىرى روھسىزلا يۈرەتتى، ھازىر پۈتمەس ـ تۈگمەس كۈچكە تولدى. ھەر قېتىم ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە چېچىمنى مودا پاسوندا ياساپ قويىدۇ.» ئانىسى باشتىن ـ ئاخىر قىزىنىڭ دۇكان ئېچىپ ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللاپ كەلدى، بەزىدە مارىقىز سىرتقا تەربىيەلىنىشكە بارغاندا، ئانىسى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئىككى بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، قىزىنى خاتىرجەم ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھازىر ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ گۈزەللەشتۈرۈش دۇكىنىنىڭ ھەر ئايلىق تىجارەت سوممىسى تەخمىنەن 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ، لېكىن مارىقىز بۇنىڭدىن ئانچە رازى ئەمەس، ئۇ دۇكان توغرىسىدا يېڭى پىلان تۈزدى. «مەن ھەممە بوشلۇقتىن پايدىلانماقچى بولۇۋاتىمەن.» مارىقىز ئىككىنچى قەۋەتتىكى ھەربىر بوش ئۆينى ئېچىپ، مۇخبىرلارغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. «بۇ ئۆيگە دۇش قويىمەن، بۇ ئۆيگە ئىككى ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش كارىۋىتى قويىمەن، بۇ جاينى تىرناق ياساش رايونى قىلىمەن.» مارىقىزنىڭ قارىشىچە، تەسەۋۋۇرلىرى قەرەلىدە ئىشقا ئاشسا، دۇكاننىڭ سودىسى تېخىمۇ جانلىنىدىكەن.

«ئىگىلىك تىكلەش ئارقىلىق ئۆز قىممىتىمنى تاپتىم. تىرىشسىلا تۇرمۇشۇمنىڭ چوقۇم بارغانسېرى ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى مارىقىز.